ئابدۇللا سۇلايمان
ئابلەت ئابدۇللا

# تۇنۇگۈنكى تىرىشچانلىقتىن بۈگۈنكى رېئاللىققىچە

بىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ ئانا يۇرتىمىزنىڭ تەزكىرە ـ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك 1964 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى» دە لىن فېڭ، لياڭ مىڭدا تەرىپىدىن يېزىلغان «چۆل ـ جەزىرىدىكى سۇنئىي دەريا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ھەمدە «خەلق گېزىتى» نىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئېلان قىلغان «جانلىق، تېتىك گۈمبىلىقلار» ناملىق ئوبزورچى ماقالىسىنى ئۇچرىتىمىز. گەرچە ماقالىدىكى مەزمۇنلار «تاغ ـ دەريالارنى ئۆزگەرتىش» دىن ئىبارەت بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزغا زىت بولۇپ، ئېكولوگىيىگە قىلىنغان ھاقارەت خاتىرىسىدەك تۇيۇلسىمۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا بۇ روھ



قالتىس قەدىرلىك ئىدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرىنىڭ يۇرتىمىزنى تەشۋىق قىلىپ يازغان بۇ تۇنجى ماقالىسى ئەينى چاغدا غايەت زور زىلزىلە قوزغىغان بولۇپ، مىڭلىغان ـ مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ جاسارىتىگە ئىلھام بەرگەن ئىدى. ماقالىدا كۆرسىتىلىشىچە: «گۇما خەلقى يەتتە يىل جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش ئارقىلىق يۇقىرى ئېقىنىدىكى كۈئېنلۇن تېغىدا ساقلىنىۋاتقان زور مىقداردىكى قار، سۇ بايلىقلى-

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



رىنى ئاچقان. تۆۋەن ئېقىندا 26 غول تاش ئۆستەڭ، 5000 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك تارماق ئۆستەڭ ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1800 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە تاغ ـ دەريالارنى ئۆزگەرتىش، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە بىر قىزىل بايراققا ئايلانغان» . بۇ — پاكىت، بۇ — ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ نەتىجىسى.

بىز تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپنىڭ هايات مۇساپىسىدىكى قەدەم ـ ئىزلار ئەنە شۇ «جانلىق، ئېتىك گۇمىلىقلار» نىڭ ئەينى يىللاردىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك، جەسۇر ـ ئىرادىلىك ئۇدۇم ـ روھىغا تۇتىشىدۇ. «يەتتە يىل جاپالىق ئىگىلىك ياراتقان» گۇمىنىڭ ئاشۇ يىللىرىدا 1955 ـ يىل دۇنياغا كۆز ئاچقان ئوبۇلقاسىم ئارانلا توققۇز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا، ئۇنىڭ ھۇجەيرىسىدە «سۇ قان بىلەن باراۋەر» دەپ قارىلىدىغان گۇما تۇپرىقىنىڭ زەررىسى، ئاتا ـ بوۋىلار مېھنىتىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ 1975 ـ يىل خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگىچىلىك بولغان مەزگىللىرىدىكى ئەھۋالى ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرگە ئايان. ئاتىسى مەتشېرىپ ئاخۇن ئاكا، ئانىسى مايسىخاننىڭ ئۇنىڭغا قانداق كۆيۈنگەنلىكى، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قانداق ئوقۇغانلىقى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە قەدەم قويۇپ، گۇما ناھىيىسىنىڭ مۇجى يېزىسىغا قاراشلىق لوڭگا باشلانغۇچ مەكتىپىدە 14 يىل ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالىي تېخنىكوم دىپلومى ئالغانلىقى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي يازساق، چوڭ بىر ھېسابات دەپتىرى پۈتىدۇ. بىز بۇ بايانلاردىن چەتلەپ ئۆتۈپ، بۈگۈن ئاخبارات ۋاسىتىلىرى تەرەپىدىن «گۇمىدا چاقنىغان مەرۋايىت» ، «〈جانلىق، ئېتىك گۇمىلىقلار〉 نىڭ پەخىرلىك ئوغلى» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىنىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ 1986 ـ يىل 10 ـ ئايدا گۇما ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دى-

رېكتورى بولغاندىن كېيىنكى ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەي-لى.

1

ئاشۇ يىلى ئوبۇلقاسىم مەتشىرىپ ئۆز ئىشىنى بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان كىچىك تىپتىكى ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ئارقىلىق، مەكتەپلەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان جوزا ـ ئورۇندۇق ياساپ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشتىن باشلاپ، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا 1050 يۈەن قىممىتىدىكى 35 تال ياغاچنى دەسمايە قىلىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان ئىدى. ئون نەچچە يىل جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش، بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆر-سىتىش ئارقىلىق بۇ شىركەت كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، بۈگۈنكى كۈندە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچى-لىك، ئورمانچىلىق، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، بىناكارلىق، بېزەكچىلىك، سودا، رېستوران، مېھمان كۈتۈش، ئاپ-تomobىل رېمونت قىلىش، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بويى-چە تەربىيىلەش مەركىزى، قۇرۇق يۈيۈش دۇكىنى، باقمىچىلىق، قاتناش ـ ترانسپورت، سېمونت قۇيمىچىلىقى، ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى قاتارلىق 17 تۈرگە تەرەققىي قىلىپ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ـ قوراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ قالدى.

ئوبۇلقاسىم مەتشىرىپ ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى يېڭى-لاپ، قېرىنداش رايونلارنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئەندىزىسىنى يۈرەكلىك بىلەن كىرگۈزۈپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە ئىزدىنىش ئارقىلىق گۇمىنىڭ مائارىپ كارخانا ئىسلاھاتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يېڭى يول ئاچتى، كارخانىدا بىر يۈرۈش قائىدە ـ تۈزۈملەرنى، جۈملىدىن مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مال ـ مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ يولغا قويدى. سۈپەت ۋە ئۈنۈمگە قاراپ ئىش ھەققى بېرىپ، «داش قازاننىڭ تامىقى-

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ئىسنى يېيىش»نى ئەمەلدىن قالدۇردى. ھەممە كىشى كارخانىنىڭ ئىقتىبالىنى ئويلايدىغان، كارخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پىلان، تەدبىر كۆرسىتىدىغان خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئۇ باشقۇرۇش ئارقىلىق سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، سۈپەت ئارقىلىق ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرغانلىقتىن 1999 - يىلغا كەلگەندە شىركەتنىڭ مۇقىم مۈلكى ئون مىليون 623 يۈەنگە، ئايلانما مەبلىغى ئىككى مىليون 945 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، گويا ناھىيىسى بويىچە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا بولۇپ قالدى. 1987 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولغان 16 يىلدا شىركەتنىڭ جۇغلانما ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 923 مىڭ يۈەن، تاپشۇرغان باج بىر مىليون 336 مىڭ يۈەن، بانكىغا قايتۇرغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى ئىككى مىليون 500 نەچچە مىڭ يۈەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە گۇمىنىڭ مائارىپ خىراجىتىدىكى قىيىنچىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشتى.

مەكتەپلەرنىڭ ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەلىم - تەربىيە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مائارىپنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر، شۇنداقلا مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

گوبۇلقاسىم مەتشېرىپ ناھىيىلىك ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئون يىللىق مالىمانچىلىقنىڭ مائارىپقا بولغان پاراكەندىچىلىكى، بۇزغۇنچىلىقى تېخى ئۈزۈل - كېسىل تازىلانمىغانلىقتىن، مەكتەپلەرنىڭ ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتى پالەچ بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى يىغىپ سېتىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. مەكتەپلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرى، دەل - دەرەخلىرى، گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپلىرى ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، ئاساسەن ۋاقىت ئىچىدە تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايتتى.

قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ قىلچىمۇ يالتى-يىپ قالماي يۈرەكلىك بىلەن ئىزدەندى:

1. دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى پۇختا ئىگى-لەپ، دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمگەك - تېخنىكا دەرسىدە ۋاقىت، ئوقۇش ماتېرىيالى، ئوقۇتقۇچى، تۇر، پراكتىكا بازىسى بولۇش كېرەك دېگەن «تۆت بولۇش» تەلىپى، شۇن-داقلا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ روھى بويىچە، ناھىيە-لىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى يېزا - بازارلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللى-شىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچاند-لىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئەمگەك - تېخنىكا دەرسىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەكتەپلەرگە 7273 مو يەر ئاجرىتىپ بېرىپ، 269 ئورۇندا ئەمگەك - تېخنىكا دەرسى پراكتىكا بازىسى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە قانۇن بويىچە 448 پارچە يەر ئىشلىتىش كىنىشكىسى بېجىردى. ئەمگەك - تېخنىكا دەرسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەشكىللەپ يېتەك-چىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، ناھىيە بويىچە ھەرقايسى مەكتەپلەردىن مە-لۇم يېزىقچىلىق قابىلىيىتىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلارنى ئاجرىتىپ بىر مەزگىل تەربىيىلەپ ئۇلارغا گۈمىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېتەكچى ئەھمىيىتى بولغان، ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى بولغان يەرلىك دەرسلىك ماتې-رىيال تەييارلىتىپ، ئۇنى مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا پايدىلى-نىشى ئۈچۈن بېسىپ تارقىتىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

2. كۈچ تەشكىللەپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، تەكتىنى تېپىش ئاساسىدا ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىش-لەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ پىلان - كۆرسەتكۈچى، تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ بۇ خىزمەتكە قارىتا بىر پەسىلدە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، يېرىم يىلدا بىر قېتىم كىچىك خۇلاسە قىلىش، يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي خۇلاسە قىلىشنى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



تۈزۈمگە ئايلاندۇردى.

3. ئۇ ناھىيە بويىچە ھەرقايسى يېزا ـ بازارلاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بىر قىسىم كەنتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، مەكتەپ باغچىسى، مەيدان، يەر، يول، ئېتىز ـ ئېرىق قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈش، يۇرۇشلەشتۈرۈش، ئورمانلارنى تورلاشتۇرۇش، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش، مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى، تۇرمۇش مۇھىتى ۋە تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

1987 ـ يىلدىن بۇيان ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ يەر شارائىتىغا، مەكتەپ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، بازارنى باشلامچى قىلىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، سېتىلىش يوللىرى راۋان بولغان، قىيىنچىلىق دەرىجىسى چوڭ بولمىغان، مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، ئۈنۈمى تېز كۆرگىلى بولىدىغان تۈرلەرنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇردى. ھەرقايسى مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، سودا، مۇلازىمەت، قاتناش ـ ترانسپورت، ئۇن تارتىش، كىچىك تىپتىكى ياغ زاۋۇتى ماڭدۇرۇش، گەج، ئاھاك پىشۇرۇش خۇمدانلىرىنى ماڭدۇرۇش قاتارلىق تىجارەت تۈرلىرىنى يولغا قويىدى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىن كىرگەن كۆپ قىسىم كىرىم مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى.

تۆۋەندىكىلەر ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپنىڭ مائارىپ مۇلازىمەت شىركىتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ، بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ جانلىق پاكىتلىرىدۇر:

* ناھىيىلىك تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشخانىسى 1987 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش كىرىمىدىن سەككىز مىليون 141 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىر-

ـىرىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شەرت ـ شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتتى. ناھىيە بويىچە ھەرقايسى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر 240 مىڭ يـۈەن قىممىتىدە 2000 يۈرۈش جوزا ـ ئورۇندۇق بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ بېرىلدى. مەكتەپلەردە 1000 كۋادرات مېتىر ياتاق، سىنىپ يېڭىدىن سېلىندى. ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ ياتاق، سىنىپلىرىدىن 2000 كۋادرات مېتىر رېمونت قىلىندى، بۇنىڭ قىممىتى 410 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە 664 دانە ۋېلىسىپىت، 131 يۈرۈش سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز تۇڭى، گاز ئوچاق، 70 دانە كىرئالغۇ ئېلىپ بېرىلدى.

* 2003 ـ يىل تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش كىرىمىدىن 70 مىڭ 900 يۈەن ئاجرىتىـ ـلىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ـ نىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى. سانجۇ، زاڭگۇي يېزىلىرىدىكى ۋاكالىتەن دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

* مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ـ قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە جەمئىي 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ۋە قاتناش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتتى.

* ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەرگە 25 تېلېفون ئورنىتىپ بەردى. 28 موتسىكلىت، 100 يۈرۈش گاز تۇڭى، گاز ئوچاق، 25 چاقىرغۇ، يەتتە يانفون ئېلىپ بەرگەندىن باشقا، ھېيت ـ بايراملاردا شىركەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئۇن، ياغ قاتارلىق سوۋغاتلىق بۇيۇملارنى بەردى.

* ئـالاھـىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، 1996 ـ يىلدىن ھازىرغىچە تۆت قېتىم گومىنا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ سىستېمىـ ـسىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى ئاپتونوم رايون ۋە سىرتقا ئاپىرىپ ئۆگىنىش ۋە تەكـ ـشۈرۈشكە تەشكىللىـدى. بۇنىڭغا 840 مـىڭ يۈەن خـىراجەت قىـ ـلىندى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



## 2

ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، سەرخىللاشتۇرۇپ، گۇمىنىڭ مائارىپ ئىگىلىكىنى داۋاملىق يۈكسەلدۈرۈش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشتى. 1995 - يىلى ئەتىيازدا ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلىگە پۈككەن ۋە قەغەز يۈزىدە دەلىللىگەن پىلانىغا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىركەتتىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئادەم ئاياغ باسمىغان چۆل - جەزىرىدە بىنەم ئېچىپ، ئۇنىۋېرسال دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇشقا ئاتلانغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ بىر پارچە قاقاسلىقتا غايەت زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭەيتىلىپ 3000 موغا يەتكۈزۈلدى. يېڭىدىن 8.5 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 9.5 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. بەش كۆز ماشىنىلىق قۇدۇق قېزىلدى. يېڭىدىن 378 يۈرۈش ئېلىشىبېشى ياسالدى. 85 ئورۇنغا چوڭ - كىچىك كۆۋرۈك ياسالدى. 333 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن 27 ئائىلىلىك ئۆي سېلىنىپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ توك، سۇلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، دېھقان - ئىشچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتى ياخشىلاندى. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە ئېتىز - ئېرىق، يول، ئورمان، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن مەشغۇلات قىلىش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىلدى. 16 كىلومېتىر يول يۈزىگە تاش ياتقۇزۇلدى، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يوللىرى تۇتاشتۇرۇلدى. ماتېرىيال ئورمىنى (تېرەك) بىلەن تورلاشتۇرۇلۇپ، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش يېشىل توسىقى شەكىللەندۈرۈلدى. ياڭاق كۆچىتىدىن 90 مىڭ تۈپ تىكىلىپ، ئۇلىنىپ سورتى ياخشىلاندى. ئامېرىكا «قىزىل يەر شارى»، ئاتۇشنىڭ «ئاق مۇناقى» ئۈزۈم سورتلىرى كىرگۈزۈلۈپ

يېتىشتۈرۈلدى. ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا «ئۇزۇم كارىدورى»،
«ياڭاق، ئۆرۈك كوچىسى» بەرپا قىلىندى. قومۇل چىلىنىدىن 3600
تۈپ تىكىلىپ يېتىشتۈرۈلدى. ئىراقنىڭ سۇپەتلىك پىستىسى ۋە ئامې-
رىكىنىڭ سۇپەتلىك ئۆرۈك سورتلىرى كىرگۈزۈلۈپ، سىناق تەرىقى-
سىدە تېرىلىپ، قەلەمچە قىلىپ يېتىشتۈرۈلۈپ، ئۇلاش ۋە كېڭەي-
تىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.



گۇما ناھىيىسىنىڭ
دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق، باغ - ئورمان بىر
گەۋدە قىلىنغان «مائا-
رىپ ئىقتىسادىي بازىسى»
غا ئايلانغان بۇ مەيدان قۇ-
رۇلغان سەككىز يىلدىن
بۇيان 13 مىليون 436
مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلى-
نىپ 40 مو ئالمىلىق
باغ، 20 مو ئۆرۈكلۈك
باغنىڭ سورتى ياخشىلى-
نىپ، دېھقانچىلىق مەي-
دانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۇ-
نۇمى يىلدىن - يىلغا يۇ-
قىرى كۆتۈرۈلدى. كە-
شىلەر كەڭ كەتكەن
چۆل - جەزىرىنىڭ بوس-
تانلىققا ئايلانغانلىقى،
ئاجىز تۇپراقتا مېۋىلەر-
نىڭ ياخشى ئوخشىغانلىقىدەك مۆجىزىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز قايىل
بولۇپ، ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. يې-
قىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان خوتەنگە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن
ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە قېرىنداش ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



( شەھەر) لەرنىڭ ۋەكىللىرى بۇ جايغا كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ تەجرى-بە ئۆگەندى، ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە چوڭقۇر ئاپىرىن ئوقۇدى. 1997 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى خوتەندە ئاچقان شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت ( ئوبلاست ) ، ناھىيە ( شەھەر ) لەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇ-رۇش نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئالايىتەن گۇمىغا كې-لىپ، بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى تەرىپلەشتى. 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۆييۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا يۇقى-رى باھا بېرىپ: «ئىسلاھات - يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن تىرى-شىپ، گۇما ناھىيىسىنىڭ دېھقانلار كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىنى ياخشى يولغا قويايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتې-تىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت گۇمىغا كېلىپ دېھقان-چىلىق مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا: «خوتەندە يولداش ئوبۇلقاسىمدەك ئادەمدىن بەش - ئالتىسى بولسا نامراتچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئۈمىد بولاتتى» دېدى ھەمدە «جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، مائا-رىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللايلى!» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. تۆت يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون ئىككى قېتىم، ۋىلايەت ئىككى قېتىم چاقىرغان «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچان-لىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش يىغىنى» دا بۇ مەيدانىنىڭ ۋە ئوبۇلقا-سىمنىڭ نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى سادىر قادىر ئاپتونوم رايون ئاچقان «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇ-رۇش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى» نىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغان-دىن كېيىن: «يولداش ئوبۇلقاسىم مائارىپ سېپىدە يېتىشىپ چىققان مۇنەۋۋەر كارخانىچىلارنىڭ ۋەكىلى» دەپ تەرىپلىدى. 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە بۇ دېھقانچىلىق

مەيداندا ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان «تەرەققىيات ـ ئېچىش رايونلىرىنىڭ سۇ، تۇپراق ئېچىش، توكنى كۆپەيتىش نەق مەيدان يىغىنى»غا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاپ، ئەمەلىيەتنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن رازى بولدى. مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرى ۋىلايەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىنى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆلگە قىلىپ، تىرىشىپ ۋىلايەت بويىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىپە يارىتىشقا چاقىردى. 2000 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئاچقان «خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ، تۇپراقنى ئېچىش بويىچە خۇلاسە قىلىپ تەقدىرلەش يىغىنى»دا يولداش ئوبۇلقاسىم شەرەپ بىلەن ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

3

ئوبۇلقاسىم كىچىكىدىن باشلاپ ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان، جاپادىن، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان، جان ـ دىلى بىلەن كەسپىنى ياخشى ئىشلەيدىغان، باشقىلار بىلەن ئىتتىپاق ـ ئىناق ئۆتىدىغان ياخشى خىسلەتنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ ئىزچىل تۇردە ئەستايىدىل، راستچىل بولۇپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلەيدۇ. ئۆز ئائىلىسىنىڭ پايدا ـ زىيىنى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدۇ.

ئۇ ناھىيىلىك تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشخانىسىدا مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان مەزگىللەردە يېزىلارغا دېگۈدەك پىيادە بېرىپ، كەنت مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، يېتەكچىلىك قىلىدۇ. 1995 ـ يىل موكۇيلا دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇرۇشقا كىرىشكەندە ئۇ ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ، شىركەتتىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن ئىش ئورنىدا تاماق، ياتاقتا بىرگە بولۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپالىق ئىشلەپ بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچنى ئورۇندايدۇ. بىر بارغانچە 25 كۈن كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ، بىر قېتىممۇ ئۆيىگە قايتمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئانىسى ئېغىر

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كېسەل بولۇپ قېلىپ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا داۋالاشقا يۆتكىگەن، يولدىشى كېسەل سەۋەبى بىلەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا ھاۋالە قىلىدۇ. ئۇ ئەتىيازدىكى سوغۇقتا، بورانغا قارىماي، تالا - تۈزدە يېتىپ - قوپۇپ، قۇرۇق نان يەپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ، بىر كۈندە ئون نەچچە سائەت ئىشلەپ، قاتتىق ھېرىپ - چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئىش ئورنىدا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنى قايتىپ كېتىپ داۋالىنىشقا دەۋەت قىلغاندا ئۇ بۇنى رەت قىلىپ، ئوكۇل سالدۇرۇپ دورا يېگەچ ئەمگەكنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

1991 - يىلى ئۇ ناھىيە بازىرىغا 130 كىلومېتىر كېلىدىغان تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ بولچۇڭ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ خەتەرلىك ئۆي ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن بېرىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن شۇ كەنتكە پىيادە ماڭغاندا تۇيۇقسىز يامغۇر ئارىلاش بوران چىققىپ كېتىدۇ، ئارقىدىنلا تاغدىن پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كېلىپ جىلغىدا قاپسىلىپ قالىدۇ. ئۇ خېيىمخەتەرگە قارىماي كەنت مەكتىپىگە كېلىپلا خىزمەتكە كىرىشىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۇ-



چۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىدۇ.

1996 - يىلى ئەتىيازدا ئۇ كورلىغا بېرىپ قايتىپ كېلىشىدە ئۇدۇل دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارىدۇ. بىر قېتىم قىشتا ئاق يەرگە سۇ ئېلىۋاتقاندا توساتتىن ئۇستەڭ يار ئېلىپ كېتىدۇ. ئوبۇلقاسىم ھېچ ئىككىلەنمەستىن شىددەتلىك ئېقىنغا سەكرەپ چۈشۈپ يولداشلار بىلەن بىرلىكتە بەكۋاش سۇنى تىزگىنلەپ، ئېتىز، ئېرىق- ئۇستەڭ-لەرنى بىر قېتىملىق چوڭ زىياندىن ساقلاپ قالىدۇ.

1998 - يىلى ئۇ گېزىتتىن ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوقۇتقۇچى ئابدۇشۈكۈرگە داۋالىنىش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىش توغ-رىسىدىكى تەشەببۇسنامىنى كۆرگەندىن كېيىن، داۋالىنىش ئۈچۈن يىغقان 1000 يۈەن پۇلنى تونۇشمايدىغان ئۇ قېرىندىشىغا ئىئانە قىلى-دۇ.

ئۇ يېقىنقى ئالتە يىلدىن بۇيان ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ-لىرىدە ئوقۇيدىغان قۇربان ئابلىز، ئابلەتجان ھامۇت، گۈلجەننەت قاتارلىق سەككىز نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا 16 مىڭ يۈەن ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. گۇما ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مېڭە ئۆسمە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايال ئوقۇتقۇچى تۇرسۇننىساخاننىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن 3000 يۈەن، قوشتاغ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئابلا داۋۇت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوقۇشتىن قالغان پەرزەنتلىرىگە 2000 يۈەن ياردەم قىلىدۇ.

1999 - يىلى 3 - ئايدا ئۇنىڭ مېھرىبان ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇ ئانىسىنىڭ نەزىرىسىگە ئىلگىرى - كېيىن ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلىغان پۇلغا 3750 كىلوگرام ئاق ئۇن سېتىۋېلىپ، 250 نامرات ئائىلىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، موھتاجلىق تارتىۋات-قان يۇرتداشلىرىغا بولغان كۆيۈمچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپنىڭ ناھىيە بازىرى يوللىرىنى ئۆزگەرتكەندە بەرگەن 6000 يۈەن؛ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي خىز-مەتلىرىنى نورمال قانات يايدۇرۇشقا بەرگەن 7000 يۈەن؛ ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشى، 1 - باشلانغۇچ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



مەكتەپنىڭ دەرۋازا ياسىشى، مەيداننى سېمونتلىشى، 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قورۇ تېمىنى ئېتىشى ئۇچۇن بەرگەن 82 مىڭ يۇەن ياردىمى كىشلەرنىڭ ئېسىدىن ھەرگىز چىقمايدۇ.

ئوبۇلقاسىم مەتشىرىپ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىغا ئائىت نىزاملارغا ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەل قىلىپ، ئىقتىسادىي ئالاقە داۋامىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىش قىلىدۇ. قۇرۇلۇش كۆتۈرە ئېلىش داۋامىدا ئاشكارا بولۇش، رىقابەتتە ئادىل بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتكە، ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. 1995 ـ يىل بىر قېتىملىق كەسپىي ئالاقىدە قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا بىر تۇياق سۈت كالىسى سوۋغات قىلغاندا، ئۇ كالىنى شىركەتكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. يەنە بىرى شۇ يىلى شىركەتتىن 50 مىڭ يۇەن قەرز ئېلىپ ئۇنىڭغا 8250 يۇەن پايدا قايتۇرغاندا ئۇ بۇ پۇلنى ھېچ ئىككىلەنمەي شىركەت مالىيىسىگە تاپشۇرىدۇ. بىر قېتىم ياغاچ ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشتا بىر خوجايىن ئۇنىڭغا: ئەگەر شىركەت بۇ ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئۆزىگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، شىركەتكە 50 مىڭ يۇەن، ئوبۇلقاسىمغا ئون مىڭ يۇەن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن بۇ پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپلا قالماستىن، ئوخشاشلا شىركەت ۋە ئىشخانىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى، مالىيە باشقۇرۇش ھېساباتلىرىنى ھەر يىلى ناھىيىلىك مالىيە، باج، مال باھاسى، سودا ـ سانائەت، پۇل ـ مۇئامىلە قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ مۇپەتتىش قىلدۇرۇشىدىن ئۆتكۈزۈپ، شىركەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىگە پاكلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئوبۇلقاسىم مەتشىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «نەتىجە ۋە مۇكاپات پەقەت تۇنۇگۇنكى تىرىشچانلىقنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇكى، ھەرگىز ھازىر ۋە كەلگۈسىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ». شۇنداق، گۇمىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى نامايان قىلىۋاتقان بۇ كومپارتىيە ئەزاسى «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تىرى-

شىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، «ئۇچكە پايدىلىق بولۇش»نى ئۆلچەم قىلىپ، خالىسانە تۆھپە قوشۇش روھىنى ئەمەلىي خىزمىتىدە ئىپادىلەپ زور نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، پارتىيە - خەلق ئۇنىڭغا نۇرغۇن قېتىم شان - شەرەپ بەردى. تۆۋەندە شىركەت تەزكىرىسىدىكى شان - شەرەپ تىزىملىكىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئەينەن سۇندۇق:

△ 1993 - يىل، 1995 - يىل، 1996 - يىل گۇما ناھىيىلىك تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، كادىرلار نازارىتى، پىلان كومىتېتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى.

△ 1990 - يىل خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇري مەھكىمە تەرىپىدىن «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

△ 1987 - يىلدىن بۇيان، بۇ ئىشخانا گۇما ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇدا «يىللىق خىزمەتلەردە ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

△ گـۇما ناھىيىلىك مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 1998 - يىل خوتەن ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتنى مەمۇري باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن «توختامغا ئەمەل قىلغان ئىشەنچلىك كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

△ 1995 - يىل ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى» بولۇپ باھالاندى.

△ ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ 1989 - ، 1999 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى تەرىپىدىن «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

△ ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ 1991 - يىل 9 - ئايدا ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



△ ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ 1991 ـ يىلدىن بۇيان يىلمۇيىل گۇما ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. گۇما ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى مەخسۇس فىلىم ئىشلەپ ۋە تىپىك ماتېرىيالىنى يېزىپ، ناھىيە بويىچە ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلدى.

△ 1998 ـ يىل ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ خوتەن ۋىلايىتى بويىچە «كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىسى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى.

مەملىكەتلىك مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، گۇما ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قۇرۇلۇش بىناكارلىقى ئىنژېنېرى، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتكومىنىڭ ھەيئىتى ئوبۇلقاسىم مەتشېرىپ توغرىسىدىكى بايانلىرىمىز تېخى تۈگىمىدى. ئۇنىڭ تۈنۈگۈنكى تىرىشچانلىقىدىن بۈگۈنكى رېئاللىقىغىچە بولغان بۇ جەريانلار يەنىلا «جانلىق، تېتىك گۈمىلىقلار» نىڭ تۈنۈگۈنى ۋە بۈگۈنىدۇر. ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى، ئۇنىڭ تۆھپىسى پەقەت «گۇمىدا چاقنىغان مەرۋايىت» لا ئەمەس، پوتكۇل قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدە، تەكلىماكان بوستانلىقىدا چاقنىغان مەرۋايىت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى ۋە تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلىغۇسى.

2006 ـ يىل 23 ـ يانۋار گۇما، خوتەن

---



ئابلەت ئابدۇللا 1974-يىل گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1989-يىلدىن 1997-يىلغىچە ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەرجىمانلىق كەسپىدە ئوقۇغان. ھازىر گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ كادىرى.

ئابلەت ئابدۇللا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا تەرجىمە ئىشلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.